جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باياناتچىسى:

# ئامېرىكا ۋەكىلىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لىن يۈەن) جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باياناتچىسى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مۇنداق بىلدۈردى: ئامېرىكىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىلى كېللى كرافت جۇڭگونىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئېغىر دەرىجىدە ئارىلاشتى، جۇڭگو تەرەپ بۇنىڭغا كۈچلۈك نارازىلىقىنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردۇ.

باياناتچى مۇنداق دېدى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى خەلقنى مەركەز قىلىشتا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات داۋامىدا كىشىلىك ھوقۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە قوغداشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان جۇڭگوچە كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىيات يولىدا مېڭىپ، دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان زېمىندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يوق، سەرسانلىق - سەرگەردانلىق يوق، ۋەھىمە يوق، 1 مىليارد 400 مىليونغا يېقىن خەلق خاتىرجەم، ئەركىن، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. قىلچە گۇمانلانىشقا بولمايدۇكى، مانا بۇ ئەڭ چوڭ كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى، ئەڭ ياخشى كىشىلىك ھوقۇق ئەمەلىيىتى. بۇ، بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولمىغان ھەرقانداق كىشى ئېنىق كۆرەلەيدىغان ئاساسىي پاكىت.

باياناتچى مۇنداق دېدى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى پۇقرالارنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قانۇن بويىچە قوغدايدۇ. جۇڭگودا 200 مىليونغا يېقىن پۇقرا دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ھازىر 5500دىن ئارتۇق دىنىي تەشكىلات، تەخمىنەن 140 مىڭ دىنىي پائالىيەت سورۇنى بار. جۇڭگونىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەھۋالىدا ھېچقانداق مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس. جۇڭگو شىنجاڭ رايونى قوللانغىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەدبىرى. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭدا ئۈچ يىلدىن بۇيان بىر قېتىممۇ تېررورلۇق ھۇجۇمى ۋەقەسى يۈز بەرمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇقلىرىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى.

باياناتچى مۇنداق دېدى: ئامېرىكىنىڭ ئۆزىگە قارايدىغان بولساق، قورال - ياراغ زوراۋانلىقى ئېغىر، باي - نامراتلىققا بۆلۈنۈش كۈچەيگەن، ئىرقىي كەمسىتىش چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، دىنلار سىغىشالماسلىق ھادىسىسى ئەۋج ئالغان. ئامېرىكا يەنە دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە مالىمانچىلىق پەيدا قىلىپ، كۆپ مەيدان ئۇرۇش قوزغىدى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتى، ھەدەپ رەڭلىك ئىنقىلاب قوزغاپ، ئالاقىدار دۆلەت خەلقلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ئېغىر دەخلى - تەرۇز قىلدى.

باياناتچى مۇنداق دېدى: جۇڭگو تەرەپ ئامېرىكىنى پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ، بىر تەرەپلىمە قاراشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىدە ساقلىنىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىپ، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدە قوش ئۆلچەم ۋە سىياسىيلاشقان خاتا ئۇسۇللارنى قوللىنىشنى توختىتىشقا، كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# شىنجاڭ داشۆ پارتكومى دائىمىي كومىتېت بەنزىسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئاچتى

مۇخبىرىمىز جاۋ شيا خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، شىنجاڭ داشۆ پارتكومى دائىمىي كومىتېت بەنزىسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «تۆتكە سېلىشتۇرۇش» «تۆتنى تېپىش» تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ، ئەخلاقلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك داشۆنى تىرىشىپ ياخشى باشقۇردى.

يىغىندا، شىنجاڭ داشۆ پارتكومىنىڭ شۇجىسى شۇ شيەنيى مەكتەپ پارتكومى دائىمىي كومىتېتى بەنزىسىغا ۋاكالىتەن ئىدىيە، سىياسىي، ئىستىل، ئىقتىدار، پاكلىق بەش جەھەتتىن تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر قېزىپ، ئېنىقلاپ، رەتلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇردى. شىنجاڭ داشۆ پارتكومى دائىمىي كومىتېت بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى بىرمۇبىر ئۆزىنى تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى كەسكىن قانات يايدۇردى. كۆپچىلىك پارتىيەگە، مائارىپ ئىشلىرىغا، يولداشلارغا، ئۆزىگە يۈكسەك مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيەسى بىلەن مەسىلىلەرنى يوشۇرماي تەكشۈرۈپ - كۆزىتىپ، مەنبەنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق تەھلىل قىلىپ، ئۆزئارا سەمىگە سېلىپ پېشنى تارتىش، ئورتاق يۈكسىلىش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش، ئىتتىپاقلىشىپ غەيرەتكە كېلىش ئۈنۈمىگە يەتتى.

خۇلاسىلىگەندە، شۇ شيەنيى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەكتەپ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم باياناتلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»نى ئۆمۈرلۈك تېما قىلىپ، ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بولۇپمۇ مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى تۇتىدۇ. ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ھەقىقىي تۈردە جۇڭگو زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ «قوش بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان» داشۆ قۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىگە ئايلاندۇرۇپ، «پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش» شەرەپلىك بۇرچنى ھەقىقىي زىممىسىگە ئالىدۇ.

مەركەز 6 - سەييارە نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئالاقىدار ئەزالىرى ھەم ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار يولداشلار يىغىنغا قاتناشتى.

تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى:

# «ئالدىراۋاتقان، قىينىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان» ئىشلارنى چىڭ كۆزلىگەچكە، ئامما تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسىغا ئىگە بولدى

—— دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدىكى يۈرۈشلۈك خەۋەر

دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزىتىشنى تۇتۇش

□ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز ياڭ ۋېنخاۋ

2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈشتىكى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەركەزلىك ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، ئامما غەم قىلىدىغان ئىشلار، باش قاتۇرىدىغان ئىشلار، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلارنى ھەل قىلىپ، ھەل قىلىش سۈرئىتىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئاممىغا باش تېما تەربىيەسى ئېلىپ كەلگەن يېڭى ئۆزگىرىش، يېڭى كەيپىياتنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇردى.

«مۇشۇ مەزگىلدە، مەھەللىمىزدە ياخشى ئىشلار ناھايىتى كۆپ يۈز بەردى، كۆپچىلىك ئىنكاس قىلغان ئاپتوموبىل توختىتىش، مۇھىت تازىلىقى، زەرەتلەش، مۈلۈك باشقۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ھەل بولدى، بىز ناھايىتى خۇشال بولدۇق.» 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئولتۇراق رايوندا يېڭىدىن ياسالغان ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانىنى كۆرۈپ، ئىدىقۇت رايونى كوناشەھەر يولى كوچا باشقارمىسى مەيدان مەھەللىسى مىڭجۇ ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى ئوسمان ماخمۇت ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئولتۇراق رايوندىكى ئەسلىدە كېرەكسىز نەرسىلەر دۆۋىلەپ قويۇلىدىغان بوش يەر سېمونتلىنىپ، قالايمىقان توختىتىلىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ رەتلىك توختىشى ئۈچۈن ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنى ھازىرلاندى، توك سىكلىتلارنىڭ مۇقىم زەرەتلەش تۈۋرۈكى بار بولدى، بۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر ئولتۇراق رايوندىكى ئاھالىلەرنىڭ بەخت تۇيغۇسى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئاشۇردى.

باش تېما تەربىيەسىدە ئىدىقۇت رايوندىكى كوناشەھەر يولى كوچا باشقارمىسى مەيدان مەھەللىسى ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ تەربىيە ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەۋەلىكتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان «ئولتۇراق رايونلاردا ئاپتوموبىل توختىتىش تەس بولۇش» «تۇرۇبا تورىنى رېمونت قىلىش تەس بولۇش» «مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەش تەس بولۇش» «مۈلۈك باشقۇرۇش تەس بولۇش» «ئۆي كىنىشكىسىنى بېجىرىش تەس بولۇش» قاتارلىق قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ئالاقىدار ئورۇنلارنى بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشقا ماسلاشتۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 3200 كۋادرات مېتىر يولنى قاتتىقلاشتۇردى، ئاپتوموبىل توختىتىش ئورنىدىن 150نى پىلانلىدى، تۆت جايغا توكسىكلىت زەرەتلەش تۈۋرۈكى ئورناتتى؛ بىر ئولتۇراق رايوننىڭ يەر ئۈستى ۋە يەر ئاستى تۇرۇبا تورىنى رېمونت قىلىپ، بىر ئولتۇراق رايوننىڭ پار تۇرۇبىسىنى ئالماشتۇردى؛ 32 تۈپ دەرەخنى كۆچۈرۈپ تىكتى، 1000 كۋادرات مېتىر يەرگە رەڭلىك خىش ياتقۇزۇپ، 11 يۈرۈش چېنىقىش ئۈسكۈنىسى ئورناتتى؛ ئۇزاققىچە ئۆي - مۈلۈك كىنىشكىسى يوق 72 ئائىلىلىك ئاھالىگە كۆچمەس مۈلۈك كىنىشكىسى بېجىرىپ بەردى، «بەش تەس بولۇش» مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، مەھەللىنىڭ باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسىنى تەڭلا ئاشۇرۇپ، مەھەللە ئاھالىلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشى ۋە ماختىشىغا ئېرىشتى.

«مەھەللە ۋە خىزمەت ئەترىتىدىكى كادىرلار ئالاھىدە ئىنچىكە بولۇپ، نېمىلا ئىش قىلسا ھەممىدە بىزنى ئويلاپ، بىزگە نۇرغۇن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەردى، كۆپچىلىك چىن كۆڭلىدىن ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىدۇ.» 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلىۋاتقان بالىسىغا قاراپ، تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى ئۈزۈمچىلىك بازىرى باغرى مەھەللىسى 1 - گۇرۇپپىسىدىكى ئاھالە زەيتۇنگۈل ئابلىزنىڭ چىرايىدا بەخت كۈلكىسى جىلۋىلەندى. زەيتۇنگۈل مۇنداق دېدى: ئۆيىمىزگە ئۈستەل - ئورۇندۇق ئېلىپ باقمىغاندۇق، ئادەتتە بالام كارىۋاتنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ ئۆگىنىش قىلاتتى. بۇ يىل 10 - ئايدا، مەھەللە ۋە «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى بالامغا بىر يۈرۈش ئۈستەل - ئورۇندۇق ئېلىپ بەردى، پۈتۈن ئائىلىمىزدىكىلەر ئىنتايىن خۇشال بولدۇق.

تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونى ئۈزۈمچىلىك بازىرىنىڭ باغرى مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسى ۋە مەھەللىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى باش تېما تەربىيەسىدە مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، مەھەللىدىكى ئاھالىلەر بىلەن يۈزتۇرا سەممىي سۆزلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئاھالىلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئارقا كوچىلاردا كېچىدە يول يۈرۈش تەس بولۇش قاتارلىق مەھەللە ئاھالىلىرى ئىنكاس قىلغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى رەتلەپ چىقىپ، «ئاشكارا ۋەدە بېرىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، ۋەدىنى ئاشكارا ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، كۆپ تەرەپ 294 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، باغرى باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى 500 ئوقۇغۇچىغا 500 ئۈستەل ۋە 2000 ئورۇندۇق ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيلىرىگە قايتقاندا مۇقىم ئۈستەللىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ بەردى؛ 460 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ، مەھەللىنىڭ 8.3 كىلومېتىر غول يولىغا ۋە ئارقا كوچىلىرىغا قۇياش ئېنېرگىيەلىك يول چىراغلىرىنى ئورنىتىپ، مەھەللىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كېچىدە يول يۈرۈشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

9 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 9 - قېتىملىق كۆزىتىش بويىچە سەپەرۋەرلىك - ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى

# پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز جاۋ جيۈن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز جاڭ شۇجۈن خەۋەر قىلىدۇ: 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، 9 - نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 9 - قېتىملىق كۆزىتىش بويىچە سەپەرۋەرلىك - ئورۇنلاشتۇرما قىلىش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كۆزىتىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك كۆزىتىش - تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە كەڭ كۆزىتىش - تەكشۈرۈش كادىرلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، ۋاقىت، ئۆلچەم، ئۈنۈمنى ياخشى ئىگىلەپ، بىرتۇتاش پىلانلاشنى ياخشى قىلىپ، كۆزىتىش - تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەر قايسى كۆزىتىش گۇرۇپپىلىرى «ئىككىنى قوغداش» سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، پارتىيەنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم، زور تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن يۈكسەكلىكتە قاراش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا قاراش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن نەتىجە يارىتىشقا قاراش، كۆزىتىش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىش، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بويىچە تۈزەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىدىن سادىقلىققا قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، 9 - قېتىملىق كۆزىتىش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

بۇ قېتىم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەتقىقات ئىشخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپى (ئاپتونوم رايونلۇق مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى قاتارلىق تۆت تارماق (ئورۇن) شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) شىركىتى، شىنجاڭ دۆلەت مۈلكى مەبلەغ سېلىش تىجارەت شىركىتى، شىنجاڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق (گۇرۇھ) شىركىتى، شىنجاڭ بانكا پاي شىركىتى، شىنجاڭ تەمىنات - سودا مەبلەغ سېلىش (پاي كونترول) گۇرۇھى شىركىتى، شىنجاڭ ئاشلىق - ياغ (گۇرۇھ) شىركىتى قاتارلىق ئالتە دۆلەت كارخانىسىدا دائىملىق كۆزىتىشنى قانات يايدۇردۇ.

# يېزىلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى سىجىل ياخشىلاندى

(بېشى 1 - بەتتە)

تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تازىلاش - توشۇش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى تازىلاش، چارۋا - قۇش باقمىچىلىقىدىن چىققان گەندە، بۇلغانمىلارنى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تاشلاندۇقلارنى تازىلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، يەنە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ تاشلاندۇق خارابىلەرنى تازىلاش، ئاشخانىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۆي جاھازلىرىنى ئۆيگە كىرگۈزۈش قاتارلىق ئۆزگىچە پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قىياپىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا 7532 مەمۇرىي كەنتنىڭ تۇرمۇش ئەخلىتى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىنىپ، 7054 مەمۇرىي كەنتنىڭ تۇرمۇش ئەخلىتىنى مەركەزلىك بىر تەرەپ قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەمۇرىي كەنت ئومۇمىي سانىنىڭ 82.04%، 76.84%نى ئىگىلىگەن، 1600 مەمۇرىي كەنتنىڭ تۇرمۇش پاسكىنا سۈيى شەھەر - بازار تۇرۇبا تورىغا قويۇپ بېرىلگەن ياكى مەركەزلەشتۈرۈش، ئائىلىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، ئائىلە بويىچە بۆلۈش شەكلىدە بىر تەرەپ قىلىنغان.

ھويلا سىرتىدىكى مۇھىت بارغانسېرى ياخشىلانغان، ھويلا ئىچىدىكى تۇرالغۇ مۇھىتمۇ ئومۇميۈزلۈك ياخشىلانغان. بۇ يىل، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 94 ناھىيە (شەھەر، رايون) ئۈچ تۈرگە ئايرىپ يېزا ھاجەتخانىلىرىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، سۇ ئىشلىتىشكە ماس كەلسە سۇ ئىشلىتىش، سۇ ئىشلىتىشكە ماس كەلمىسە سۇ ئىشلەتمەسلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاددىي، ئەمەلىي، قوللىنىشچان، تەننەرخى مۇۋاپىق، تېخنىكىسى پىشىپ يېتىلگەن، ئامما خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ھاجەتخانا ئۆزگەرتىش ئەندىزىسىنى تاللاپ چىققان، ھەم يېزا ھاجەتخانىلىرىنى باشقۇرۇش، ئاسراش، ئىشلىتىش بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۆزئارا جىپسلاشتۇرۇلغان ئېكولوگىيەلىك ئايلىنىش ئەندىزىسىنى پائال كېڭەيتىپ، يېزىلارنىڭ «ھاجەتخانا ئىنقىلابى» مۇساپىسىنى تېزلەتكەن.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېزا پاكىز ئائىلە ھاجەتخانىسىدىن 912 مىڭ 400ى، ئاممىۋى ھاجەتخانىدىن 4901 يېڭىدىن كۆپەيگەن، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېزا پاكىز ھاجەتخانىسى جەمئىي 1 مىليون 636 مىڭ 500گە يېتىپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 50.02%كە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، زىيانسىزلاشتۇرۇلغان پاكىز ھاجەتخانا 1 مىليون 286 مىڭ 600گە يېتىپ، ئومۇملىشىش نىسبىتى 39.32%كە يەتكەن.